# خىتاينىڭ باستۇرۇش فورمۇلاسى

## ئۇيغۇر ئېلىدىكى ساقچىلار ئىشلىتىۋاتقان بىر كەڭ كۆلەملىك نازارەت ئەپىنى يېشىپ چىقىش

# قىسقىچە مەزمۇنى

2016- يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر ئېلىدىكى 13 مىليون ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك مۇسۇلمانلىرىنى كەڭ كۆلەمدە قارىسىغا تۇتۇپ تۇرغان، مەجبۇرى سىياسى تەربىيەلەش ئېلىپ بارغان، ئۇلارنىڭ يۈرۈش- تۇرۇشىنى چەكلىگەن ۋە دىنى جەھەتتىن باستۇرغان. ئىشەنچلىك مۆلچەرلەر شۇنى كۆرسىتىدۇكى، بۇ خىل كۆچەيتىلگەن باستۇرۇشلاردىن، بىر مىليونغا يېقىن ئادەم ئاتالمىش سىياسى ئۆگىنىش لاگېرلىرىغا قامالغان. ھۆكۈمەتنىڭ «زوراۋانلىق ۋە تېرورلۇققا قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتى» ئۇيغۇر ئېلىنى جەمئىيەتنى كونترول قىلىدىغان ئەڭ يېڭى تېخنىكىلارنى ئىشلىتىدىغان خىتاينىڭ ئەڭ ئاساسلىق مەركەزلىرىدىن بىرىگە ئايلاندۇرغان.

بۇ دوكلاتتا ساقچى بىلەن باشقا ھۆكۈمەت خادىملىرى ئۆز- ئارا ئالاقىدە قوللىنىدىغان «بىر گەۋدىلەشكەن جەڭ قىلىش سۇپىسى» (تۆۋەندە قىسقارتىپ جەڭ سۇپىسى دەپ ئېلىنىدۇ.) دەپ ئاتىلىدىغان يانفون ئەپى تەپسىلى چۈشەندۇرۈلگەن ۋە ئانالىز قىلىنغان. بۇ سۇپا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدا كەڭ كۆلەمدە نازارەت قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ئاساسلىق سېستېمىلىرىنىڭ بىرى. 2018- يىلى فېۋرالدا، «كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش» تەشكىلاتى تۇنجى بولۇپ بۇ جەڭ سۇپىسى توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن بولۇپ، بۇ نازارەت سېستېمىسىنىڭ كىشىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى توپلاپ، تەھدىت دەپ قارىغانلارغا چېكىت قويۇپ، ئاندىن بۇ ئۇچۇرلارنى ھۆكۈمەت خادىملىرىغا يوللايدىغانلىقىنى، چېكىت قويۇلغان بەزى ئادەملەرنىڭ تۇتۇلغانلىقى ۋە سىياسى تەربىيەلەش لاگېرلىرىغا ياكى باشقا يەرلەرگە ئەۋەتىلگەنلىكىنى قەيت قىلغان. لېكىن ھازىر بىز يانفونغا «قارشى تېخنىكا» دەپ ئاتىلىدىغان تېخنىكىنى قوللىنىش ئارقىلىق، بۇ كەڭ كۆلەملىك نازارەت سېستېمىسىنىڭ قانداق ئىشلەيدىغانلىقى ۋە كىملەرنى نىشانلىغانلىقى توغرىسىدا تېخىمۇ ئېنىق مەلۇماتقا ئېرىشتۇق.

بۇ بايقاشلارنىڭ ئەھمىيىتى زور بولۇپ، تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن كەڭ كۆلەملىك نازارەت قىلىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. چۈنكى بۇ جەڭ سۇپىسى سېستېمىسى شۇ رايوندىكى جەمئىيەتنى نازارەت ۋە كونترول قىلىدىغان بىر ئېكولوگىيەلىك سېستېمىسىنىڭ مەركىزىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ جەڭ سۇپىسى يەنە خىتايدىكى كەڭ كۆلەملىك نازارەتنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇيغۇر ئېلىدىكى بۇ جەڭ سۇپىسى تاجاۋۇز خاراكتېرىنى ئالغان بولسىمۇ، بۇ سېستېمىلارنىڭ ئاساسى لايىھەسى خىتاينىڭ ھەممە يېرىدىكى ساقچىلار پىلانلاۋاتقان ۋە ئىجرا قىلىۋاتقان سېستېمىنىڭكىگە ئوخشايدۇ.

بۇ دوكلاتتا تەسۋىرلەنگەن كەڭ كۆلەملىك نازارەتنىڭ كۆپ قىسمى، ھەتتا ھەممىسىنىڭ خىتاي قانۇنىغا زىت ئىكەنلىكى ئېنىق. بۇ كەڭ كۆلەملىك نازارەت خەلقئارادا كاپالەتكە ئىگە بولغان شەخسىيەت ھوقۇقى، ئىسپاتلانغۇچە گۇناھسىز دەپ قاراشنى قوبۇل قىلىش، يىغىلىش ۋە پائالىيەت قىلىش ئەركىنلىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە خىلاپتۇر. بۇ كەڭ كۆلەملىك نازارەت پىكىر ئەركىنلىكى ۋە دىنى ئەركىنلىك قاتارلىق باشقا ئەركىنلىكلەر ئۈچۈن قاتتىق زەربىدۇر.

«كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش» تەشكىلاتى بۇ جەڭ سۇپىسى يانفون ئەپىنىڭ مۇنداق ئۈچ چوڭ رولىنى بايقىدى: شەخسى ئۇچۇرلانى يىغىش، گۇمانلىق دەپ بىلگەن پائالىيەت ۋە ئەھۋاللارنى دوكلات قىلىش، شۇنداقلا سېستېما مەسىلىسى بار دەپ چېكىت قويغان شەخسلەرنى تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلىش قاتارلىقلار.

خىتاينىڭ جەك سۇپىسى يانفون ئەپى توغرىسىدىكى ئانالىزلار شۇنى ئاشكارىلىدىكى، خىتاي ھۆكۈمىتى كىشىلەرنىڭ ناھايىتى كۆپ شەخسىي ئۇچۇرلىرىنى يىغقان بولۇپ، بۇ ئۇچۇرلار كىشىلەرنىڭ چاچ رەڭگىدىن تارتىپ، ھەتتا سانتىمېتىرغىچە تەپسىلىي خاتىرىلىگەن بويي ئېگىزلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئۇچۇرلار جەك سۇپىسىنىڭ مەركىزىي سېستېمىسىغا يوللانغاندىن كېيىن، شۇ كىشىلەرنىڭ كىملىك نومۇرى بىلەن باغلىنىدۇ. بىزنىڭ ئانالىز نەتىجىمىز يەنە شۇنى كۆرسەتتىكى، ئۇيغۇر ئېلىدىكى ھۆكۈمەت نۇرغۇن قانۇنلۇق، كۈندىلىك ۋە ئادەتتىكى ئىش-ھەرىكەتلەرنى، مەسىلەن: خوشنىلار بىلەن باردى-كەلدى قىلماسلىق، دائىم ئالدى ئىشىكتىن ماڭماسلىق قاتارلىقلارنىمۇ گۇمانلىق ھەرىكەت دەپ قارىغان. بۇ يانفون ئەپى يەنە WhatsApp ۋە Viber قاتارلىق 51 مەۋھۇم شەخسىي تور ئالاقە قورالى ۋە شىفىرلاشتۇرۇلغان ئالاقە قوراللىرىنىمۇ گۇمانلىق دەپ تىزغان.

جەك سۇپىسى يانفون ئەپى يەنە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەسچىتكە ئىئانە بېرىش ياكى ھۆكۈمەت خادىمى يوق يەردە ۋەزخانلىق قىلىش قاتارلىق بەزى تېنچ دىنىي پائالىيەتلەرنىمۇ گۇمانلىق دەپ ھېسابلايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. لېكىن بۇ يانفون ئەپى مەسىلە دەپ ھېسابلىغانلىرىنىڭ زور كۆپى مىللىي ياكى دىنىي جەھەتتىكى ئادەتتىكى سۆز-ھەرىكەتلەردۇر. بىزنىڭ بايقىغىنىمىز شۇنى كۆرسىتىدۇكى، بۇ يانفون ئەپى ئۇيغۇر ئېلىدىكى ھەر بىر شەخسنى نازارەت قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئۇچۇرىنى يىغىدۇ. جەك سۇپىسى كىشىلەرنىڭ يانفونى قالدۇرغان «ئاياق ئىزى» ۋە ئورنى، ئۇلارنىڭ كىملىك كارتىسى ۋە قاتناش قورالىغا قاراپ ئىز قوغلايدۇ. بۇ يانفون ئەپى يەنە شۇ رايوندىكى ھەر بىر ئادەمنىڭ توك ۋە گاز ئىشلىتىشىنىمۇ كۆزىتىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ئېلىدىكى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ «ھۆكۈمەت خادىملىرى چوقۇم بۇ جەك سۇپىسى ئۈچۈن <ھەر خىل ئۇسۇل> لار بىلەن ھەر بىر ئائىلىدىكى ھەربىر ئادەمنىڭ ئۇچۇرىنى يىغىشى كېرەك» دېگەن باياناتى بىلەن زىچ جىپسىلاشقان.

كىشىلەر ئۆز نامىغا تىزىملاتمىغان تېلفوننى ئىشلەتسە، «نورما» دىن جىق توك ئىشلەتسە، ساقچىنىڭ رۇخسىتىسىز تىزىمغا ئالدۇرغان رايوندىن ئايرىلسا، جەك سۇپىسى سېستېمىسى بۇ تەرتىپسىز ۋە ئۆلچەمسىز ئەھۋالنى بايقاپ، بۇ «نورمالسىزلىق»لارغا چېكىت ئۇرىدۇ ۋە بۇ «ئىنچىكە يىپ ئۇچى»لىرىغا ئاساسەن، بۇلارنى گۇمانلىق ئەھۋال دەپ، ھۆكۈمەتكە يوللايدۇ ۋە تەكشۈرۈشنى ئەسكەرتىدۇ.

بۇ جەك سۇپىسىنىڭ يەنە بىر ھالقىلىق رولى كىشىلىك مۇناسىۋەتنى كۆزىتىشتۇر. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇ مۇناسىۋەتنىڭ بەزىلىرىنى ئەزەلدىنلا گۇمانلىق دەپ قاراپ كەلگەن. مەسىلەن، جەك سۇپىسى يانفون ئەپى ھۆكۈمەت خادىملىرىنى يېڭى تېلفون نومۇرى ئالغان ئادەملەر بىلەن ئالاقىسى بار ئادەملەرنى ۋە چەتئەلدە مۇناسىۋىتى بار كىشىلەرنى تەكشۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ.

ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇيغۇر ئېلىدىكى بۇ كەڭ كۆلەملىك نازارەتنى تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇشنىڭ بىر يولى قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشتى. بۇ يانفون ئەپى ھۆكۈمەت خادىملىرىنى تېلفون ۋە يۇمشاق دېتاللاردا «تېرورلۇق» ۋە «زوراۋانلىققا مۇناسىۋەتلىك ئۈن-سىن مەزمۇنلىرى» بار يوقلۇقىنى تەكشۈرۈشكە بۇيرىسىمۇ، يۇقىرىقى ئىككى ئاتالغۇغا خىتاي قانۇنىدا ناھايىتى تومتاق تەبىر بېرىلگەن. بۇ يانفون ئەپى يەنە ھۆكۈمەت خادىملىرىنى «ۋاھابىزىم مۇرتلىرى» غا دىققەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. بۇ ئاتالغۇ ئىسلام دىنىغا ئېتقاد قىلىدىغان رادىكال ئادەملەرنى ۋە «... پارتلىغۇچى [بۇيۇم]لارنى ياساپ، ئۆزىنى قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋالغانلارنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرى» نى كۆرسىتىدۇ. لېكىن جەك سۇپىسى سېستېمىسى ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان ئىشلارنىڭ نۇرغۇنى ياكى زور كۆپىنىڭ تېرورلۇق ياكى رادىكاللىق بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. بۇ جەك سۇپىسى سېستېمىسىنى ئانالىز قىلىشىمىز شۇنى كۆرسىتىپ بەردىكى، بۇ

سىستېمىنىڭ ئاساسلىق مەقسىدى ھەرگىز ئۇچۇر توپلاپ راستىنلا تېرورلۇققا ياكى رادىكال زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇش ئەمەس.

بۇ جەڭ سۇپىسى سىستېمىسى يانفون ئەپى يەنە ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئەھۋالىنى باھالايدۇ. يۇقىرى ئورۇندىكى نازارەتچىلەر جەڭ سۇپىسى يانفون ئەپى ئارقىلىق خىزمەت ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە تۆۋەن ئورۇندىكى خادىملارنى نازارەت قىلىدۇ. بۇ يانفون ئەپىنىڭ يەنە بىر رولى ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ زوراۋان بۇيرۇقلىرىنى ئۈنۈملۈك ئىجرا قىلىشىغا كۆز- قۇلاق بولۇشتۇر.

خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ جەڭ سۇپىسى سىستېمىسىنى يارىتىشتا، تېخنىكا بىلەن تەمىنلەيدىغان خىتاي شىركەتلىرىدىن پايدىلاندى. ئۇيغۇر ئېلىدىكى كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىشتا، ئاساسلىق مەسئۇلىيەت خىتاي ھۆكۈمىتىدە بولسىمۇ، ياردەملەشكەن بۇ شىركەتلەرنىڭمۇ خەلقئارا قانۇن بويىچە كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش، خورلاشتا قولچوماقچى بولۇشتىن ئۆزىنى تارتىش، بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندە مۇۋاپىق ھەل قىلىش جەھەتلەردىمۇ تېگىشلىك مەسئۇلىيىتى بار.

تۆۋەندە كۆرسىتىلگەندەك، بۇ جەڭ سۇپىسى سىستېمىسى ئۇيغۇر ئېلىدىكى تەكشۈرۈش پونكىتلىرى بىلەن بىرلىكتە بىر قاتار كۆرۈنمەس ياكى مەۋھۇم پاسىللارنى پەيدا قىلىدۇ. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇلارنى پۈتكۈل رايوننى قاپلىغان بىر يۈرۈش «ئەلگەك» ياكى «سۈزگۈچ» دەپ چۈشەندۈرىدۇ ۋە ئۆزلىرى خالىمىغان ئېلېمېنتلارنى تاسقايدۇ. بۇ جەڭ سۇپىسى سىستېمىسىدىكى پروگراممىلاشقان ئامىللار ھۆكۈمەت خادىملىرى بايقىغان تەھدىتنىڭ دەرىجىسىنى بېكىتىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، شەخسلەرنىڭ يۈرۈش- تۇرۇش ئەركىنلىكى ئوخشىمىغان دەرىجىدە چەكلىنىدۇ. بەزىلىرى ئۇيغۇر ئېلىدىكى تۈرمە، سىياسى ئۆگىنىش لاگىرلىرىغا قامالسا، باشقىلىرى ئۆيىدە نەزەربەنت قىلىنىدۇ. يەنە بەزىلىرىنىڭ تىزىملاتقان يېرىدىن باشقا يەرگە بېرىشى چەكلىنىدۇ. بەزىلىرىنىڭ ئاممىۋى سورۇنلارغا كىرىشىگە يول قويۇلمايدۇ ۋە بەزىلىرىنىڭ خىتاي چېگرىسىدىن چىقىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئېلىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ كىشىلەرنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشنى كونترول قىلىشى ماۋزېدۇڭ دەۋرى (1949~ 1976) دىكى كىشىلەرنىڭ پەقەت نوپۇسنى تىزىملاتقان رايونغىلا چەكلىنىشى، شۇنداقلا ساقچىلارنىڭ ئۆز رايونىدىن تەۋەككۈل قىلىپ ئايرىلغان ھەر قانداق ئادەمنى تۇتۇشىغا ئوخشايدۇ. 1979- يىلى خىتايدا ئىقتىساد، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كونتروللۇقلار ئاساسەن ئەمەلدىن قالغان. لېكىن ئۇيغۇر ئېلىدە شەكىللەنگەن بۇ خىل يېڭى ساقچى دۆلىتىدە تېخنىكا سىستېمىسى بىلەن مەمۇرى كونتروللۇق بىر گەۋدىلەشكەن بولۇپ، ھۆكۈمەتكە ماۋزېدۇڭ دەۋرىدىكىدەك كونترول قىلىش ھوقۇقىنى بېرىدۇ. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كىشىلەرنى دەرىجىگە ئايرىغان ئاساستا، ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادتىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەركىن يۆتكىلىشىگە بولغان ئېھتىياجىنىمۇ قاندۇرىدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەخسى ئۇچۇرلارنى جەڭ سۇپىسى يانفون ئەپى ئارقىلىق تاجاۋۇزچىلىق بىلەن كەڭ كۆلەملىك يىغىشى ئۇيغۇر ئېلىدىكى تۈرك مۇسۇلمانلىرى ئىنكاس قىلغان ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ نېمىشقا ئۇلاردىن ياكى ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىدىن بىر مۇنچە چۈشىنىكسىز سوئاللارنى سورىغىنىدەك خەۋەرلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھۆكۈمەت خادىملىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرى ۋە ئىشخانىسىغا بېسىپ كىرگەندە، ئۇلار ئادەتتە، مەسىلەن: ئۆيدىكىلەرنىڭ چېنىقىش ئەسۋابىنىڭ بار يوقلۇقى، چەتئەلدىكى ئائىلە تاۋاباتلىرى بىلەن قانداق ئالاقە قىلىدىغانلىقى قاتارلىق سوئاللارنى سورايدۇ. مانا بۇلار ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ يانفون ئەپى ئارقىلىق ئۇلارغا چۈشۈرۈلگەن

ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. جەڭ سۈپىسى قاتارلىق يانفون ئەپلىرى ھۆكۈمەت خادىملىرىدىن كۈندىلىك ھاياتىغا دىققەت قىلىنىۋاتقان ۋە خاتىرىلەنگەنلەرگە تاجاۋۇز خاراكتېرىدىكى بۇ خىل ئۇچۇر توپلاشنىڭ مەقسىتى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۇچۇرلىرىنىڭ قانداق ئىشلىتىلىدىغانلىقى ۋە ساقلىنىدىغانلىقىنى خەۋەرلەندۇرۇشنى تەلەپ قىلمايدۇ. ھەم بۇنداق ئۇچۇرلارنى يىغىش ئۈچۈن ئاساسەن شۇ كىشىلەرنىڭ ماقۇللۇقىنىمۇ ئالمايدۇ.

«قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتى» تۈرك مۇسۇلمانلىرىنىڭ تا ئىسپاتلانغۇچە گۇناھسىز بولۇشتەك ھوقۇقىغا قىلچە پىسەنت قىلمايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئۇيغۇر ئېلىدە، ھۆكۈمەت كەڭ ۋە گۇمانى ئۆلچەملەر بىلەن كىشىلەرنى گۇمانلىق ھېسابلايدىغان بىر سېستېمىنى يارىتىپ، شۇ ئارقىلىق تۇتىدىغان ئادەملەرنىڭ تىزىمىنى باھالاپ چىقىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رەسمى ھۆججەتلىرىدىكى «تۇتۇشقا تېگىشلىك ھەر قانداق ئادەم تۇتۇلۇشى كېرەك.» دېگەن بايانلىرى «ئىشەنچسىز» دەپ قاراپ، تۇتىدىغانلارنىڭ سانىنى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كىشىلەر ھەتتا ھېچقانداق رەسمىيەت يۈزىدىكى قوغدىنىش كاپالىتىمۇ يوق ھالدا، ساقچىلارنىڭ سوراق قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ قانۇنى مەسلىھەت سوراش ھوقۇقىمۇ يوق بولىدۇ. بىز 2018-يىلىدىكى دوكلاتتا بايان قىلغىنىمىزدەك، ھەتتا بۇنداق تۇتۇلغان بەزىلىرى قىيناش ۋە خورلاشقا ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇچرىغان بۇ خورلۇقلار ئۈچۈن ھېچقانداق بىرتۈلەممۇ تەلەپ قىلالمايدۇ. نەتىجىدە خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ تېخنىكىلىرى بىلەن ھەددىدىن ئېشىپ، ئۇيغۇر ئېلىدىكى تۈرك مۇسۇلمانلىرى خىتاي قانۇنىغا خىلاپ ھېچقانداق ئىش-ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانمىسىمۇ، ئۇلارنى خالىغانچە كەڭ كۆلەمدە، مۇددىتى ئېنىقسىز تۇتقۇن قىلماقتا.

خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە تېخى ئۆزلىرىنىڭ شۇ ئىلغار سېستېمىلىرى «تېرورچىلارنى ناھايىتى ئېنىق» نىشانلاپ، ئۇيغۇر ئېلىنى بىخەتەر ساقلاۋاتىدۇ، دەپ قاتتىق جار سېلىۋاتىدۇ. خىتايدا مۇستەقىل ئەدلىيە سېستېمىسى، ئاخبارات ئەركىنلىكى بولمىغاچقا، ھەم شۇنداقلا ھۆكۈمەتنىڭ ئاممىۋى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارغا دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارىشى سەۋەبىدىن، ھۆكۈمەت ۋە ئۇلار بىلەن كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى ۋەيران قىلىدىغان ئاشۇنداق سېستېمىلارنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن شېرىكلەشكەن كارخانىلارنىڭ سورىقىنى قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ جەڭ سۈپىسىنى دەرھال توختىتىپ، ئۇيغۇر ئېلىدىكىلەردىن يىغقان بارلىق ئۇچۇرلارنى ئۆچۈرۈپ تاشلىشى كېرەك. «قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتى»، شۇنداقلا تۈرك مۇسۇلمانلىرىنى كۆزىتىش ۋە كونترول قىلىشنى مەقسەت قىلغان بارلىق مەجبۇرى يولغا قويۇلغان پروگراممىلار توختىتىلىشى كېرەك. ئاتالمىش سىياسى ئۆگىنىش مەركەزلىرىدە قامالغانلارنىڭ ھەممىسى شەرتسىز قويۇپ بېرىلىشى، لاگېرلار تاقىلىشى كېرەك. خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە پارتىيە سېكرىتارى چېن چۈەنگو ۋە شۇنىڭدەك كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلغان، شەخسىيەت ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلغان بارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى تەكشۈرۈشى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئالى كومىسسارى بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مۇتەخەسسىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە كىرىش تەلىپىنى ئورۇنلىشى كېرەك.

بۇ ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئالاقىدار چەتئەل ھۆكۈمەتلىرى پارتىيە سېكرىتارى چېن ۋە باشقا «قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتى» دەك باستۇرۇش ھەرىكىتىگە ئىشتىراك قىلغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا قارىتا، «ئامېرىكا يەرشارى ماگنىتسكى جازا قانۇنى»غا ئوخشاش جازا لايىھەلىرى ئارقىلىق، ۋىزا بەرمەسلىك، مال-مۈلكلىرىنى توڭلىتىش قاتارلىق قاراتمىلىقى بار جازا تەدبىرلىرىنى قوللىنىشى كېرەك. چەتئەل ھۆكۈمەتلىرى يەنە

مۇۋاپىق ئېكسپورت كونترول مېخانىزمى ئارقىلىق، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلىدىغان تېخنىكىلارغا ئېرىشىشىنى توسۇشى كېرەك.

# تەۋسىيەلەر

## خىتاي ھۆكۈمىتىگە:

- ئۇيغۇر ئېلىدىكى «بىر گەۋدىلەشكەن جەڭ قىلىش سۇپىسى» (جەڭ سۇپىسى)نى تاقاش ۋە يىغقان بارلىق ئۇچۇرلارنى ئۆچۈرۈپ تاشلاش؛
- كىشىلەرنىڭ شەخسى ئۇچۇرىنى قوغدايدىغان ئېنىق دۆلەت قانۇنى يولغا قويۇلمىغۇچە، كىشىلەرنىڭ بىئولوگىيەلىك پەرقلەندۈرۈش ئۇچۇرىنى يىغىش ۋە ئىشلىتىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛
- ئۇيغۇر ئېلىدىكى «زوراۋانلىق ۋە تېرورلۇققا قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتى» (قاتتىق زەربە بېرىش) نى، تۈرك مۇسۇلمانلىرىنى نازارەت قىلىش ۋە كونترول قىلىشنى مەقسەت قىلغان بارلىق مەجبۇرى يولغا قويۇلغان پروگراممىلارنى دەرھال توختىتىش؛
- پارتىيە سېكرىتارى چېن چۈەنگو ۋە «قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتى» بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى خورلايدىغان كەڭ كۆلەملىك نازارەت قىلىشقا ئىشتىراك قىلغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىنىڭ تېگىشلىك جاۋابكارلىقىنى ئادىللىق بىلەن سۈرۈشتۈرۈش؛
- بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئالى كومىسسارى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىر نەچچە ئالاھىدە كومىتېتلىرى تەلەپ قىلغىنىدەك، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلىش.

## خىتاي مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتىغا:

- بىئولوگىيىلىك پەرقلەندۈرۈش ئۇچۇرى ۋە باشقا شەخسى ئۇچۇرلارغا ئائىت خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىگە چۈشىدىغان قانۇن لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە قوللىنىش:
  - بۇ قانۇن-تۈزۈمدىكى ئۆلچەملەر ئومۇمى قانۇن رامكىسى ئىچىدە بۇ خىل ئۇچۇرلارنى توپلاش، ئىشلىتىش، پايدىلىنىش، تارقىتىش ۋە ساقلاشنىڭ زۆرۈر بولغاندا ئېلىنىدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان بولۇشى كېرەك. شۇنداقلا، تاجاۋۇز خاراكتېرىدىكى ئۇسۇللار قوللىنىلمىغان بولۇشى، بۇ خىل ئۇچۇرلارنى توپلاش ۋە ئىشلىتىشنىڭ پەقەت ئاممىۋى بىخەتەرلىكنى ئاساس قىلغان تار دائىرىدىكى قانۇنى مەقسەت ئۈچۈنلا بولغان بولۇشى كېرەك.
  - بۇ ئۆلچەملەرنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن، ھەر قانداق بىئولوگىيىلىك پەرقلەندۈرۈش پروگراممىلىرى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك: ئۇچۇر توپلاش ۋە ئىشلىتىش ئۈچۈن مۇستەقىل ئورگان بولۇشى، بۇ ئورگانلارنىڭ ئۇچۇر يىغىۋاتقانلىقى ئاممىغا ئۇقتۇرۇلۇشى، ۋە بۇ ئورگانلارنىڭ قىلمىشىنى كۆزىتىدىغان مۇستەقىل ئورگانلار بولۇشى، كىشىلەرنىڭ ھوقۇقى دەخل-تەرۇزغا ئۇچرىدىمۇ يوق دەپ سۈرۈشتە قىلىدىغان ۋە تۆلەم تەلەپ قىلىدىغان يوللىرى بولۇشى كېرەك.

- ○ دائىمى كومىتېت مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ بىيولوگىيىلىك پەرقلەندۈرۈش ئۇچۇرلىرىنى يىغىش ۋە ئىشلىتىشىگە ئائىت مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى، شۇنداقلا بۇ ئۇچۇرلارنى قانداق يىغقانلىقى ۋە نېمىگە ئىشلەتكەنلىكىنى ئېلان قىلىشقا كاپالەت بېرىشى كېرەك.

## كوڭگول بولۇۋاتقان ھۆكۈمەتلەرگە:

- «قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتى»دەك باستۇرۇش ھەرىكىتىگە ئىشتىراك قىلغان پارتىيە سېكرېتارى چېن چۈەنگو ۋە باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا «ئامېرىكا يەر شارى ماگنېتسكى جازا قانۇنى»، ۋىزا بەرمەسلىك، مال-مۈلكىنى توڭلىتىش قاتارلىق قاراتمىلىقى بار جازا تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك؛
- مۇۋاپىق ئېكسپورت كونتروللۇق مېخانىزىمى ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتى شۇنداقلا ھۆكۈمەتنىڭ باشقىلارنى خورلىشىغا ياردەمدە بولغان CETC شىركىتى ۋە بۇ دوكلاتتا تىلغا ئېلىنغان باشقا ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىدىغان تېخنىكىغا ئىگە خىتاي شىركەتلىرىنى ماللىرى ئېكسپورتتىن چەكلىنىدىغان قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈشى كېرەك؛
- ھۆكۈمەت ئىگىدارلىقىدىكى ئالىي مەكتەپ ۋە باشقا ئورگانلارنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدىكى تۈرك مۇسۇلمانلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىش بىلەن ئالاقىسى بار ساقچى ۋە خىتاينىڭ تېخنولوگىيە شىركەتلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىشىغا يول قويماسلىق؛
- بىر خەلقئارالىق ئەمەلىيەتنى تەكشۈرۈش ۋەزىپە ئۆمىكىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئەھۋاللارنى باھالاپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىغا دوكلات سۇنۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش.

## بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا:

- بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى ئانتونيو گۇتېررېس ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار«قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتى»دىن كېلىپ چىققان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە بولغان ئەندىشىسىنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە ھەم ئاشكارا ھەم يېپىق ئۇچرىشىشلىرىدا ئېنىق بىلدۈرىشى كېرەك.
- بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ھەرىكەتكە كېلىپ ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىكى پائالىيەتچىلەرنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مىزانى بويىچە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ئېلى ۋە باشقا يەرلەردىكى خورلاشلىرىنى دەخل-تەرۇزغا ئۇچرىمىغان ھالدا دوكلات قىلالىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك؛
- بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار خىتايدىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى قوللىشى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي ئىشلار بۆلۈمىدە

ئۇيغۇر دىيارىدىكى تۈرك مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھوقۇقىنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئاممۋى تەشكىلاتلارغا قارشى تۇرۇشنى توسۇشى كېرەك.

## ئۇيغۇر ئېلىدە ئىش قىلىۋاتقان Hikvision ۋە ++Face، Baidu، HBFEC، CETC قاتارلىق خىتاي ۋە چەتئەل شىركەتلىرىگە:

- ئېلىم-بېرىم سودا ئىشلىرىدا «قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتى»نى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئېلىدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى يۈرگۈزىۋاتقان كەڭ كۆلەملىك زەربە بېرىش ۋە بىئولوگىيىلىك پەرقلەندۈرۈش سېستېمىسىنى قوللىماسلىقى كېرەك؛
- ئۇيغۇر ئېلىدىكى ساقچى ۋە باشقا بىخەتەرلىك ئورگانلىرى بىلەن بولغان سودا ھەمكارلىقلىرىدا ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىشىغا ھەمتاياق بولماسلىققا كاپالەتلىك قىلىشى، ئەگەر قارشى تەرەپنىڭ شۇنداق قىلىۋاتقانلىقى توغرىلىق ئىسپاتلار ئوتتۇرىغا چىقسا، ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى دەرھال ئۈزۈشى كېرەك؛
- شىركەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى قوللايدىغان ئېنىق نىزامنامىسى بولۇشى ۋە بۇ نىزامنامىدا سودا-تىجارەتلىرى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدىغان، ياكى ئۇنىڭغا يانتاياق بولمايدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان بەلگىلىمىلەر بولۇشى كېرەك؛
- سالماقچى بولغان مەبلىغى ياكى سودا-تىجارەتلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا بولغان تەسىرىنى ئانالىز قىلىشى ۋە يامان تەسىرلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ۋە يېنىكلىتىدىغان ئىستراتېگىيەسى بولۇشى كېرەك. ئاممۋى تەشكىلاتلار ۋە كىشىلىك ھوقۇق مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، «كىشىلىك ھوقۇقتا بولغان تەسىرىنى باھالاش» دېگەندەك تەدبىرلەرنى قوللىنىشى كېرەك.